# 46959 ـ تەراۋىھ نامىزىدا ھەر ئىككى رەكەتتىن كېيىن دۇئا قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

تەراۋىھ نامىزىدا ھەر سالام بىلەن يەنە بىر سالام ئارىسىدا: پەرۋەردىگارىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى مەدھىيىلەيمىز، ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنى كەچۈرۈم قىلغىن دەپ دۇئا قىلىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزىدا ھەر سالام بىلەن يەنە بىر سالام ئارىسىدا: پەرۋەردىگارىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى مەدھىيىلەيمىز، ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنى كەچۈرۈم قىلغىن دېگەن بۇ سۆز بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ھەدىستە ئەسلى يوق، ئىمامنىڭ ياكى ئىمامغا ئەگەشكۈچىنىڭ بۇ دۇئانى داۋاملاشتۇرۇشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئىبادەت دېگەن ھۆكۈمگە توختىلىدۇ. ئىبادەت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يولغا قويغان شەكىلدە بولىدۇ، دەلىل_ئىسپاتسىز مەلۇم ۋاقىتتا مەلۇم ئىبادەتنى ئادا قىلىشنى لازىم تۇتۇش يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەتنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بىز بۇيرۇمىغان ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ ئىشى رەت قىلىنىدۇ. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

پەرۋەردىگارىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى مەدھىيىلەيمىز، ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنى كەچۈرۈم قىلغىن دېگەن بۇ كاتتا زىكىر بولۇپ بۇ زىكىرنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىدە دەيتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدا رۇكۇ_سەجدىلەردە: پەرۋەردىگارىمىز! سەن پاكتۇرسەن، سېنى مەدھىيىلەيمىز، ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنى كەچۈرۈم قىلغىن دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇش بىلەن قۇرئاندا بۇيرۇلغان ئىشنى قىلاتتى. [بۇخارى رىۋايىتى 784–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 484–ھەدىس].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن: إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ * وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا * فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ

ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر. [سۈرە نەسر]. رەسۇلۇللاھ ئايەتتە بۇيرۇلغاننى ئىجرا قىلاتتى.

كىشىلەرنىڭ سۈننەتنى تەرك قىلىپ بىدئەتكە ئېسىلغانلىقىغا قارىمامسەن!. تەراۋىھ نامىزىدا قىلىنىدىغان بىدئەتلەردىن: كىشىلەرنىڭ: كېچىلىك نامازدا! ئاللاھ سىلەرگە ساۋاپ بەرسۇن دېگەن سۆزى، ئۇلارنىڭ يەنە ھەر ئىككى رەكەت ئارىسىدا: ئۈنلۈك ئاۋازدا ئاللاھۇممە سەللى ۋەسەللىم، ئەلا سەيدىنا مۇھەممەد دەپ توۋلىشى، ھەر ئىككى رەكەتنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئىخلاس ۋە مۇئەۋۋەزەتەين سۈرىسىنى ئوقۇشى ياكى ئىمامنىڭ: سۈبھانەللاھ دېيىشى، جامائەتلەرنىڭ: سۈبھانەللاھى ۋەبى ھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىم دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن دەلىل بايان قىلىنمىغان ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دائىمي كومىتېت ئۆلىمالىرى بۇنى يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن دەپ پەتىۋا بەرگەن". ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 208-215-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.